مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئوقۇشلۇق

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

# تىلىمنىڭ تەمى

## The Taste of Uyghur



تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلەر ئۈچۈن ئوقۇشلۇق

# تىلىمنىڭ تەمى

## The Taste of Uyghur


ئاپتور: ئابدۇۋەلى ئايۇپ

كوررېكتور: باتۇر قاراخانلى

مېھرىگۈل مۇسا

بەت لايىھىلىگۈچى: باتۇر قاراخانلى

رەسىم لايىھىلىگۈچى: ۋارىس



نەشر قىلدۇرغۇچى ئورگان: ئۇيغۇر پروجېكت فوندى

ISBN:978-826-9218-27-5

2022-يىلى ئاۋغۇست بىرىنچى نەشرى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

ئىستانبۇل - تۈركىيە

# مۇندەرىجە

غەزەلچى قۇشلار ........................ 2
قۇشلارغا گېپىمىز بار ........................ 4
قۇشلار كۈلسە ........................ 6
ئوماق ئۆردەكچاق ........................ 8
توغراق ........................ 9
دوست تۇتايلى قۇشلارنى ........................ 10
سۆيۈملۈك رەڭلەر ........................ 11
بۇلۇت مېھمان بول، دېدى ........................ 12
يامغۇر ياغدى شار ـ شار ........................ 14
ھەسەن ـ ھۈسەن ........................ 15
مېھمان پەسىللەر ........................ 16
لەپىلدەپ ياغار كۆك ئاسماندىن قار ........................ 17
ئاق بۇلۇت بىلەن قارا بۇلۇت ........................ 19
بۇلدۇق ـ بۇلدۇق سوئاللار ........................ 20
كۈن توقاچ ........................ 22
ناۋاي بوۋاي ........................ 23
ئۈچ ئۇيغۇر دېھقان ........................ 24
بىزنىڭ ھويلا ........................ 26
جىن چىراغ ........................ 30

مەن باتۇر ........................ 32
قوشىقىم قوشاق ........................ 35
بىزنىڭ ئەرتۇڭا........................ 37
سۆيگەن مېنى ئانام بالام دەپ........................ 39
چېچەك تەردىم ........................ 41
چەينەكتىكى چاي ........................ 43
بىللە بوغداي تارتقۇم بار ........................ 44
بىر باتۇر بالا ........................ 46
نورۇز كەلدى ........................ 48
نورۇز كەلدى هوي هوي!........................ 50
ئاچكۆز تىيىن ........................ 52
كارامەت بۆدۈنە........................ 54
ئويۇنچى مايمۇن ........................ 57
مەشرەپ كۆرگەن بالىمەن........................ 61
هېيت كەلگەندە ........................ 63
رامىزان كەلدى تۇيدۇڭلارمۇ؟........................ 65
دادامدەك دۇئا قىلدىم ........................ 67
بايرىقىم ........................ 70
سەن كىم؟ ........................ 71
كېلىڭلار........................ 75
سازلار سايرايدۇ ........................ 77
ئۇيغۇر يوق يەردە........................ 79

ئىشىم لاينى گۈل قىلماق .................... 80

ئۈچ ھۆرۈن .................... 82

پىخسىققا دورا .................... 84

نورۇز ھەققىدە ھېكايەت .................... 90

گۈزەل ئارزۇ .................... 94

مومامسەن تارىم .................... 95

كەلسەڭ دوستۇم ۋەتەنگە .................... 96

ئامان بول ۋەتەن .................... 98

سۈسىز توشقانلار .................... 100

پىچىرلىغان سوئاللار .................... 103


يېرىلغان قۇتقاپ .................... 108

دادامغا خەت .................... 113

يەتسۇن دۇئايىم .................... 115

يۈرەك قانغىچە .................... 116

ۋىچىرلىغان سوئاللار .................... 117



# ئەللەي تەبئەت



# غەزەلچى قۇشلار

قاغا شاختا،
قاق قاق.
ئۆردەك كۆلدە،
غاق غاق.


توخۇ ئويدا،
ۋاق ۋاق.
سېغىزخان دۆڭدە،
شاق شاق.



قارلىغاچ ئۆيدە،
ۋىچ ۋىچ.
بۈركۈت تۆردە،
تىپ تىنچ.

كەپتەر دېسە،
بۇق بۇق.
بۆدۈنە دەيدۇ،
مەن يوق.

تورغاي دېسە،
چۇ چۇ.
تۇمۇچۇق ئېيتار،
سەنچۇ.



# قۇشلارغا گىپىمىز بار

قارلىغاچ كۆرسەك، قارايىمىز.
سۇنگۇلاچ كۆرسەك، مارايىمىز.
تازقاراغا تۇخۇمدىن،
بىرنى بەر دەپ سورايىمىز.

ھوقۇش كۆرسەك، ھۇۋلايىمىز،
تۇرنا كۆرسەك، توۋلايىمىز.
سامانلىقتا قۇش كۆرسەك،
ئىشىك، تۉڭلۉك، تورايىمىز.



پاختەك كيلىپ قونعاندا،
ئشسلك ئالدى تيرەككە،
«قورقدۇ» ديگەن ئاۋاز،
كيلىپ قالار كيرەككە.

دادىلاردىن سورايمىز،
پاختەكلەرنىڭ تىلىنى.
«ۋاي سىلەرنى قورقۇتقان،
قايسى ئۆينىڭ كيلىنى؟».




# قۇشلار كۈلسە

كەكلىك كۈلسە،
تۇتۇلىدۇ.
بوغۇزلاردا.
يۇتۇلىدۇ.

تورغاي كۈلسە،
باسماق تەييار.
قەپەزلەردە،
بولۇر ھەييار.

شاتۇت كۈلسە،
سۆزلەيدۇ دەر.
سۆزلىگەننى،
دورايدۇ دەر.



كەكلك كۉلسە،
تاقۋاق دەر.
قەپەزنى چاق،
تاغدا باق دەر.

قۇشلار دەردى،
كۉلۉش دەيدۇ.
قەپەزلەرگە
كۆنۉش دەيدۇ.





# ئوماق ئۆردەکچاق

غاق، غاق، غاق،
ئوماق ئۆردەکچاق.
کۆلدىن ئايرىلما،
کوچا تیپىلغاق.

غاق، غاق، غاق،
ئوماق ئۆردەکچاق.
ئورمانغا بارما،
ئارىلىق ئۇزاق.

غاق، غاق، غاق،
ئوماق ئۆردەکچاق.
یولدىن ئۆتکەندە،
ئەتراپىڭغا باق.

غاق، غاق، غاق،
ئوماق ئۆردەکچاق.
یىراقـقا کەتمە،
چىقمىسۇن چاتاق.




# توغراق

توغراق ياشار مىڭ يىل،
يوپۇرماقلار ئېچىلىپ.
توغراق قۇرۇر مىڭ يىل،
قاقشال بولۇپ گېدىيىپ.

توغراق توسار بوراننى،
قۇمدا يېتىپ تىركىشىپ.
توغراق سۈيەر تۇپراقنى،
يەردە يېتىپ يېپىشىپ.

توغراق تۇغار يېشىللىق،
چۈللۈك بىلەن چېلىشىپ.
توغراق قوغدار ۋەتەننى،
قۇيۇن بىلەن ئېلىشىپ.



# دوست
# تۇتايلى
# قۇشلارنى

ئەركىن داۋۇت ئوغۇز

كېلە تېزدىن مۆكەيلى،
بۈك ئوتلاقتا چۆكەيلى.
تەبئەتكە، قۇشلارغا،
مېھرىمىزنى تۆكەيلى.

ھەيران قالسۇن بېلىقلار،
بەدەنلىرى سىلىقلار.
يىراق تۇرسۇن بىزلەردىن،
قاملاشمىغان قىلىقلار.

سۈزۈك، سۈزۈك سۇلارنى،
ئىچەيلى تەڭ بۇلغىماي.
دوست تۇتايلى قۇشلارنى،
باغ-ۋاراندىن قوغلىماي.

# سۆيۈملۈك رەڭلەر

ئابلىكىم ھەسەن

يېشىل رەڭگە مەن ئامراق،
يۇرتۇم چىمەن ئەمەسمۇ.
چىمەن دوپپا بېشىمدا،
ئاپام تىككەن ئەمەسمۇ.

قىزىل رەڭگە مەن ئامراق،
قىزىل گۈللەر خۇش پۇراق.
ھويلىمىز گۈل، ئۆيىمۇ گۈل،
گىلەملەرمۇ گۈل سىياق.

كۆپكۆك رەڭگە مەن ئامراق،
كۆپكۆك دېڭىز يالتىراق.
كۆپكۆك ئاسمان دەر ماڭا:
«ئۇچقۇچى بولۇپ كەل پاتراق!»

# بۇلۇت مېھمان بول، دېدى

كۆككە قاراپ ئولتۇرسام،
بۇلۇت مېھمان بول، دېدى.
يۇلتۇزلارنى ئاداش تۇت،
ئاي باشلايدۇ يول، دېدى.

تېزراق كەلگىن قېشىمغا،
دوستلار ساقلاپ كەتمىسۇن.
يازنىڭ تېنى بەك قىزىق،
ئىسسىق كېلىپ تەپمىسۇن.



موماق تىزغان تىزىقنى،
يولدا ماڭغاچ يەپ ماڭغىن.
بوۋاك بەرگەن راۋاپنى،
مۇقام ئېيتىپ چېلىپ ماڭغىن.

ئايغا ئالغىن كۆز مۇنچاق،
يۇلتۇزلارغا ئاق تۇماق.
يۇگۇرۈك شۇ قوياشقا،
ئېلىۋالغىن قوڭغۇراق.

ئاداش بولار يۇلتۇزلار،
سىرداش بولار تولۇن ئاي.
ھاپاش قىلىپ ئوينىتار،
قوياش دېگەن گۈل چىراي.



يەرگە قاراپ «خوش» دېسەم،
مىندىم بۇلۇت تايچاقنا.
قانات كېرىپ «ئۇچ» دېسەم،
ئاسمان ئانلىق يايلاقتا.

# يامغۇر ياغدى شار ـ شار

يامغۇر ياغدى شار ـ شار،
سەل بولۇپ ئاقتى.
كەلدى ئۆستەڭ تار ـ تار،
قىر بۇزدى، تاشتى.

قوغلاپ سۇنى باللار،
راسا ئويناشتى.
دولقۇنلارنىڭ كۈيىدە،
قېنىپ مۇڭداشتى.



# ھەسەن - ھۈسەن

ھەسەن - ھۈسەن

ئۆزتېكىن

سىم - سىم يىغلاپ بۇلۇتلار،
ئىچى بوشاپ قالغاندۇ.
كۆڭلى ئېرىپ قۇياشنىڭ،
باغرى يۇمشاپ قالغاندۇ.

قىزىق پاراڭ قىلدىمۇ،
ئاسمان كۈلۈپ كېتىپتۇ.
شوخ كۈلكىدىن ئويغىنىپ،
ھەسەن - ھۈسەن چىقىپتۇ.

چاقىرىپتۇ ئانىسى،
ئانچە يىراق كەتمەستىن.
- كۆينەك تىكتىم كېيىۋال،
خوتەندىكى ئەتلەستىن.

# مېھمان پەسىللەر




ھويلامغا مېھمان،
بولار پەسىللەر.
بەزىدە كېلىپ،
قونار پەسىللەر.



كۆزىنى ياشلاپ،
ئېرىپ كېتەر قار.
قارلىغاچ باشلاپ،
كەلگەندە باھار.



رەڭمۇ رەڭ گۈللەر،
يازغا يارىشار.
كۈزنىڭ يولىغا،
دېھقان قارىشار.



# لەپلدەپ ياغار كۆك ئاسماندىن قار

لەپلدەپ ياغار،
كۆك ئاسماندىن قار.
تالادا دوستلار،
قار بوۋاي ياسار.

لەپلدەپ ياغار،
كۆك ئاسماندىن قار.
قۇشقاچلار شاختا،
ناخشا ئېيتىشار.

لەپلدەپ یاغار،
کۆك ئاسماندن قار،
جۆپتنی ئزدەپ،
قاغا غاقلدار.

لەپلدەپ یاغار،
کۆك ئاسماندن قار.
قازاندا شورپا،
نەپسم تاقلدار.



# ئاق بۇلۇت بىلەن قارا بۇلۇت

ئاق بۇلۇت چاقچاقچىكەن،
قارا بۇلۇت مۇڭ چىراي.
ئاق بۇلۇت ئىللىق ئىكەن،
قارا بۇلۇت توڭ چىراي.

ئاق بۇلۇتقا تاغ ئاداش،
ئاققۇ، شۇڭقار يېقىنكەن.
قارا بۇلۇت ھەمراھسىز،
يالغۇز ئىكەن، يېتىمكەن.

قارا بۇلۇت شۇ سەۋەب،
كۆزىدىن ياش تۆكەركەن.
يىغىسىدىن دەشتى چۆل،
سۇ ئىچەركەن، كۆلەركەن.





# بۇلدۇق - بۇلدۇق سوئاللار

1. بىر يىلدا قانچە پەسىل، قانچە ئاي، قانچە كۈن بارلىقىنى سوراپ بېقىڭلار. تۆت پەسىلگە ئىسىم قويسىڭىز كىملەرنىڭ ئىسمىنى قويغان بولاتتىڭىز؟ 12 ئاينىڭ ھەر بىرىگە بىردىن مۇقامنىڭ ئىسمىنى قويۇشنى خالامسىلەر؟

2. ھەسەن - ھۈسەن قانداق پەيدا بولىدۇ؟ ھەسەن - ھۈسەندە نەچچە خىل رەڭ بار؟ رەڭلەرنىڭ تەرتىپى بويىچە سىزىپ چىقىڭ. ھەسەن - ھۈسەن دېگەن سۆزگە ئوخشاش شەكىلدە كەلگەن جۈپ سۆزدىن بەشنى يېزىڭ. مەسىلەن، قازان - قومۇچ ...

3. بۇلۇت بىلەن تۇماننىڭ پەرقىنى بىلەمسىز؟ بۇلۇت قانداق پەيدا بولىدۇ، تۇمانچۇ؟






# بۇلدۇق - بۇلدۇق سوئاللار

4. كۆكتە ئۇزىدىغان بۇلۇت بىلەن ئۆيدە ئىشلىتىدىغان بۇلۇت بىر گەپمۇ؟ ھەسەن - ھۈسەن بىلەن ھەسەنجان، ھۈسەنجانلارچۇ؟

5. چولپان، چۆمۈچ، يەتتە تىكەن، ئېيىق دېگەن يۇلتۇزلارنى تاپالامسىز؟ ئۇيغۇرچە يەنە قانداق يۇلتۇز ئىسىملىرى بار؟ ئۇكەر يۇلتۇزنى سىزىپ چىقىڭ.

6. يامغۇردىن كېيىن تەبىئەتتە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ؟يامغۇر قوشاقلىرىدىن بىر قانچىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

7. بۇ بۆلەكتىكى قوشاقلارنى يادلاپ بېقىڭلار.



# كۈن توقاچ

قۇياش كېتىپ كېچىدە،
توڭۇپ قاپتۇ يۇلتۇزلار.
قورساق ئاچتى دېگەندەك،
دېرىزەمدە گۇڭۇرلار.

تېز كىرىڭلار ھوجرامغا،
ئانام ياققان توقاچ بار.
چامغۇر، پىننە توغرىغان،
ئۈسۈپ قويغان ئوماچ بار.

سوغۇق تېگەر سىلەرگە،
كۈن بولمىسا ئاسماندا
توڭلىمايمەن كۈن كەبى،
توقاچ بولغان داستىخاندا.



# ناۋاي بوۋاي

ناۋاي بوۋاي،
جان بوۋاي.
كۆندە ياقار،
نان بوۋاي.

ناۋاي بوۋاي،
جان بوۋاي.
گۈل پۇرار،
گۈلخان بوۋاي.

ناۋاي بوۋاي،
جان بوۋاي.
قەشقەرىگە،
خان بوۋاي.



# ئۈچ ئۇيغۇر دېھقان

بەلۋاغ بېلىدە،
بېشىدا تۇماق.
يالاڭپاق پۇتى،
قاداقلىق قاداق.

غورىگۆل ئۆيى،
ئاددى سەرەمجان.
دوستقا ئىشىكى،
كەڭرى ئېچىلغان.



ئېغىلدا ئىنەك،
ھويلىدا ياڭاق.
نىچۈن داستىخاندا،
يوق سوقماق، پىشلاق؟

چىرايى غەملىك،
تەتۈر ئۇستىخان.
چايلىرى تەملىك،
ئۈچ ئۇيغۇر دېھقان.



# بىزنىڭ هويلا

بىزنىڭ هويلا بەك ئاۋات،
بىر بۇلۇڭدا تونۇرى.
هويلامىزدىن كەتمەيدۇ،
هەمەك، توقاچ، نان هورى.

هەر كۈن كىرەر بىر قوشنا،
خېمىرنى كۆتۈرۈپ.
يەنە بىرى ئەگىشەر،
ياردەمگە يەڭ تۈرۈپ.



شۇ يوسۇندا هويلىمىز،
تولار قوشنا، مېهمانغا.
نان ياقىدۇ ئانىلار،
لەززەت تارار هەريانغا.



# ئانام توغراق دادام توغراق



# ئانام توغراق دادام توغراق

ئانام توغراق،
دادام توغراق،
ئۇلار بولسا
ئەلەم يىراق.

ئانام توغراق،
دادام توغراق،
ئۇلار چۆلدە
سۆيۈم بۇلاق.

ئانام توغراق،
دادام توغراق،
ئۇلار تۈندە
نۇرۇم چىراق.



# جىن چىراغ



ئاي يۇلتۇزلۇق كېچىدە،
جىن چىراقىنىڭ تۈۋىدە،
ئانام چۆچەك ئېيتىدۇ،
مەن ئاڭلايمەن جىممىدە.

جىن چىراقتا پىلىك بار،
پىسىر - پىسىر يانىدۇ.
كىرسىن ھىدى گۈپۈلدەپ،
ئايۋانىنى بىر ئالىدۇ.



جن چراقنڭ توٰتوٰنی،
ییپیلدوُ توروُسقا،
بوٚبوٰش بولوُپ ئوٚز گوٰرەر،
قورقمەن جم توُروُشقا.

ئانام دەیدوُ، بوٚبوٰش یوق،
جن شەیتانلار رڤایەت،
ئالڤاستنی ییگٛدوُ،
کمدە بولسا پاراسەت.



# مەن باتۇر



بۆ، بۆ،
كىم باتۇر،
قورققان،
يىغلاپ ياتۇر.

تىرىق، تىرىق،
كىم قورققان؟
قورققانغا،
مانا يوتقان.

شىپ، شىپ،
جىن كەلدى.
شەپىسى
يېقىن كەلدى.

تاراق، تۇرۇق،
مەن ئويغاق،
قولۇمدا،
قورال - ياراق.

غارت، غۇرت،
كىم تاتۇر؟
ھەممەيلەن
قورقۇپ ياتۇر.



گۆلدۆر گۆپ،
باتۇرمەن،
جىن - شەيتاننى،
ئاتۇرمەن.
ئالار چىقسا،
ساتۇرمەن.
چېچىدىن،
تۇتۇپ باغلاپ،
جۇۋازلارغا
قاتۇرمەن.



# قوشقم قوشاق

قوشقم قوشاق،
قاملشپ كەتتى.
دوستلرىم ئاڭلاپ،
داڭلشپ كەتتى.

قوشاقتا قۇشلار،
چۇرۇقلاپ كەتتى.
سايدا بۇلاقجان،
بۇلدۇقلاپ كەتتى.



قوشاقچى ئاكام،
سادىر مەن دەيدۇ.
ياۋنى يېڭىشكە،
هازىرمەن دەيدۇ.

ئاكام چىن تۆمۈر،
مەن مەختۇمسۇلا
سىڭلىم سورايدۇ،
كىم بولسام بولار؟



# بزنڭ ئەرتۇڭا

ئۇيلاپ تالمايدۇ،
سۆزلەپ قانمايدۇ.
سرلارنى سوراپ،
ئارام تاپمايدۇ.

ئورماننى دەيدۇ،
كۆككە تارغاقمۇ؟
يۇلتۇزنى دەيدۇ،
كەچتە چراغمۇ؟



كۆللەرنى دەيدۇ،
زېمىننىڭ كۆزى.
شاۋقۇننى دەيدۇ،
دېڭىزنىڭ سۆزى.

شامال باغلاردا،
ناخشا ئېيتارمىش.
قارلار تاغلاردا،
يىللاپ قونارمىش.

ئويچاندۇر ئويچان،
بىزنىڭ ئەرتوڭا،
سوئال سورۇماي،
ياتسا نېمە بولا؟



# سۆيگىن مېنى ئانام بالام دەپ

ئۆينى ئۆزۈم تازىلاي ئانا،
نېمە يېسەڭ ئېتەي ئېيتىپ بەر.
ئىشتىن كەلدىڭ ئاپتۇزدا ھېرىپ،
نېمە ئىش بار قىلاي تېپىپ بەر.

بۆشۈكۈمنى تەۋرەتكەن قولۇڭ،
ئارام ئالسۇن كىرنى مەن يۇياي.
ئېگىلمىسۇن يول سۈرتۈپ بېلىڭ،
كۆتۈرگەنتىڭ مېنى توققۇز ئاي.



غەم قىلمىغىن ناشتىلىق ئۈچۈن،
قوشاق ئېيتىپ ئۆكامنى ئۆخلات.
قوندۇرمايمەن ئەخلەتنى ئۆيدە،
قىزىم بار دەپ ھوزۇرۇڭدا يات.

ھالۋا ئېتەي مومامنى دوراپ،
قىغىش قىلما ئانام ئانام دەپ.
ھەممىلەننىڭ ئاناسى يېتىم،
سۆيگىن مېنى ئانام بالام دەپ.



# چېچەك تەردىم

كۆپكۆك ئاسمان، يېشىل يەر،
بۇلۇتقا غۇلاچ كەردىم.
دەرەخلەرگە يامىشىپ،
قۇشلارغا قۇلاق بەردىم.

قۇشلار ئېيتقان چۆچەكنى،
سىڭلىمغا ھەم دەپ بەردىم.
ئۈزگەن ئۆجمە، شاتۇتنى،
ئېتىكىمگە سەپ بەردىم.



پولۇ ئەتسەڭ سالاتقا،
ئېتىزدىن خەمەك تەردىم.
گۈلدانغا سالارمىز دەپ،
گۈل تەردىم، چېچەك تەردىم.



# چەينەكتىكى چاي



چەينەكتىكى چاي،
كۇشۇلدار تىنماي.
چۆچەك ئاڭلايمەن،
ئاڭلايمەن قانماي.

چەينەكتىكى چاي،
پورۇقلار تىنماي.
دادام ئوقۇيدۇ،
چۆچەكنى هارماي.

چەينەكتىكى چاي،
ۋاراقلار تۇرماي.
ئانام تىكىدۇ،
كەشتىنى تۇرماي.

چەينەكتىكى چاي،
تاشىدۇ بولماي.
ھەممە ئالدىراش،
بولغاچ قارىماي.



# بىللە بۇغداي تارتقۇم بار

كۆكتە ئۇچۇپ باققۇم بار،
ئايدا ساما سالغۇم بار.
يۇلتۇزلارغا ئارتىپ،
سامان يولىدا چاپقۇم بار.



چاشقان يىغىپ - تۈگكەننى،
چۆجىلەرگە چاچقۇم بار.قارلىغاچ
سالغان سارايدا،
مېھمان بولۇپ ياتقۇم بار.



ھەسەل ھەرە ئېلدە،
ئوقەت قلىپ باققۇم بار.
ئۆمۈچۈكنڭ تورىنى،
چۆپقەت چقسا ساتقۇم بار.

تال چۋقنى ئات ئېتپ،
تالا - تۈزدە چاپقۇم بار.
دادا بلەن تۈگمەندە،
بللە بۇغداي تارتقۇم بار.



# بىر باتۇر بالا

دۆڭ كۆۋرۈكتە،
بىر سەبىي بالا،
ئاياق مايلار،
قولى قاپقارا.

ئۈستى بېشى،
يىرتىق ياماقلىق،
ئورنىمۇ يوق،
ھېچ بىر تۇراقلىق.


ئەتراپىغا،
قارايدۇ ئۈنسىز،
باسمىسۇن دەپ،
غەپلەت تۇيۇقسىز.



ساقچى كەلسە،
قاچىدۇ بەدەر.
تۇتۇۋالسا،
خەتەر، بەك خەتەر.

بۇزۇلىدۇ،
ساندۇق، چوتكا، ماي.
بۇلاپ كېتەر،
تىيىن قالدۇرماي.

ئاياق مايلار،
بىر باتۇر بالا،
ئۆز ئۆيىگە،
يۆلەك، باشپاناھ.



# نورۇز كەلدى

نورۇز كەلدى،
زېمىن كۈلدى،
توڭلار ئېرىپ،
گۈللەر ئۈندى.

نورۇز كەلدى،
ئاپتاپ كۈلدى،
دەرەخ بىخلاپ،
پوتلا بولدى.

نورۇز كەلدى،
ئەتراپ كۆلدى.
نورۇز ئېشى،
تەييار بولدى.

نورۇز كەلدى،
دىللار كۆلدى،
داستىخانغا،
مەزە تولدى.

# نورۇز كەلدى هوي هوي!

نورۇز كەلدى هوي هوي،
نورۇز كەلدى هوي،
نورۇزلايمىز كەل كەل،
دوستۇڭغا دەپ قوي.

نورۇز كەلدى هوي هوي،
نورۇز كەلدى هوي.
قازانغا ماي قۇي قۇي،
پولۇ دۉملەپ قوي.

نورۇز كەلدى هوي هوي،
نورۇز كەلدى هوي،
كاۋاپ پىشسۇن پاژ پۇژ،
سالاتا ئەپ قوي.

نورۇز كەلدى هوي هوي،
نورۇز كەلدى هوي.
قورداق چىقسۇن گاژ گۇژ،
گۆلچاي دەملەپ قوي.

نورۇز كەلدى، هوي هوي،
نورۇز كەلدى هوي.
نورۇز ئېشى ۋىل ۋىل
داستىخان سەپ قوي.





# ئاچكۆز تىيىن

بىر ئاچكۆز تىيىن بار ئىكەن. ئۇ دائىم كۆزى نېمىنى كۆرسە شۇنى ئالسام دەيدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ تاغدىن چۈشۈپ بىر ئانارلىق باغقا كىرىپ قاپتۇ. ئۇ تاللا-تاللا ئاخىرى ئەڭ چوڭ، ئەڭ قىزىل ئاناردىن بىرنى ئۈزۈپتۇ-دە سەكلەپ تاقلاپ كېتىپتۇ.

تىيىن باغدىن چىقىپ بىر ئېتىزغا كەپتۇ. ئۇ ئېتىزدىن بىر سەۋزە يۇلۇپتۇ-دە، ئانارنى تاشلاپتۇ.

يولدا ئۈزۈملۈك هويلىغا يولۇقۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سەۋزىنى تاشلاپ چوڭ بىر ساپاق ئۈزۈمنى يۇدۇپ مېڭىپتۇ. ئۆيگە بارغۇچە بىر ئېرىق

ئۇچراپتۇ. قارسا ئاي تۇرغان. تيين ئېريقتن ئاينى سۇزمەكچى بولۇپ، ئۇزۇمنى تاشلاپ ئاينى قوغلاپتۇ. ئاخرى ئاينى تۇتالماي ئۆيگە قۇرۇق قول يېنپتۇ.



# كارامەت بۆدۈنە

چۆجە بۆدۈنە چىللاشنى ئۆگنىپ بەك خۇش بوپتۇ. ئانسى ئۇنى ماختاپ هەر كۈنى:

- ئوماق بۆدۈنەم، سەندە كارامەت بار جۇمۇ، سەن چىللىمساڭ تاڭ يورۇمايدۇ، كۈن چىقمايدۇ، ئىگىمىز ئويغانماي كاتەك ئاچمايدۇ، - دەيدىغان بوپتۇ.

چۆجە بۆدۈنە بۇ گەپلەرگە كۆنۈپتۇ، مەندە كارامەت بار دەپ هەممە يەردە كۆرەڭلەپ:

- بۇق، بۇق، بۇق! بۇق، بۇق، بۇق! كىم بولساڭ بول، مەندىن قورق! - دەپ يۈرۈپتۇ.



چۆجە بۆدۋنە بىر كۋنى كالىغا قونۇپ:

ـ بۇق،بۇق، بۇق، بۇق! بۇق بۇق، بۇق، كىم بولساڭ بول، مەندىن قورق! ـ دەپتۇ. كالا ئاچچىقلاپ قۇيرۇقنى بىر شىلتىغان ئىكەن، يىقىلىپ يەرگە ئاران قونۇپتۇ.

چۆجە بۆدۋنە قاتتىق ئاچچىقلاپ كالىغا:

ـ ماڭا قورقماي شىلتىڭ ئاتامسەن؟ ئەگەر يىقىلىپ پۇتۇم سۇنسا، ساڭا تاڭنى، كۋننى ھەرگىز كۆرسەتمەيمەن، ـ دەپتۇ.

ـ ھا، ھا، ھا! ـ كالا ئۆزىنى تۇتالماي كۋلۋپ تاشلاپتۇ ۋە: ـ ھەي، سەندە ئۇنچىلىك كارامەت يوق، - دەپتۇ.

چۆجە بۆدۋنە ئاڭلاپ تېخىمۇ ئاچچىقلاپتۇ - دە، كالىغا:

ـ خەپ! كارامەتنى ئەتە كۆرسەن! ئەتە مەن بىر چىللىماي باقاي، تاڭ يورۇمدۇ، كۋن چىقامدۇ قېنى؟ - دەپتۇ.



ئەتىسى سەھەر بۆدۇنە «كالا تاڭ ئاتقۇزالماي ماڭا يالۋۇرىدۇ»، دەپ قوپماي ئۇخلاپتۇ. كۆزىگە ئاپتاپ چۈشۈپ قارىسا، تاڭ يورۇپ، كۈن چىقىپ، كالىمۇ ئىشقا ماڭغان. چۆجە بۆدۇنە «باشقىلار ئاڭلىسا مازاق قىلارمۇ؟»، دەپ كاتەككە مۆكۈپ تالاغا چىقماي دانلاپتۇ. ئۇ «كارامەت دېگەن زادى قانداق نەرسىدۇ؟ مەندە بارمىدۇ؟ بولسا نەرىمدە باردۇ؟ ئانامنىڭ كارامەت بار، دېگىنى توغرىمۇ ياكى كالىنىڭ يوق، دېگىنىمۇ؟ كۈن نېمىشقا چىللىمىسام چىققاندۇ؟ تاڭ نېمىشقا مېنى ساقلاپ تۇرمايلا يورۇپ كەتكەندۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۆدۇنە ھازىرمۇ ئۆزىدىكى كارامەتنى ئىزدەپ يۈرگۈدەك.






بۇرۇننىڭ بۇرنىسىدا، ئورماندا بىر مايمۇنچاق ياشايدىكەن. ئۇ ئورماندىكى تەييار مېۋە ۋە ئۇرۇقچالارنى يەپ كۈننى ئۆتكۈزىدىكەن. كۈنلەر، ھەپتىلەر، ئايلار مۇشۇنداق ئۆتۈپتۇ. مايمۇنچاق ئورماندا تەييار مېۋە ۋە ئۇرۇقچالارنى يەپ زېرىكىپتۇ. ئۇنىڭ ئېتىزغا قوناق تېرىپ، ئېرىقتىن بېلىق تۇتۇپ يېگۈسى كەپتۇ.





قوناق تېرشنى ئۆگنەي، دەپ بر ئېتزغا كەپتۇ-دە قوناق تېرۋاتقان ئۆكۈزگە:

ـ ئۆكۈز ئاكا ماڭا قوناق تېرشنى ئۆگەتكن، ـ دەپتۇ.

ئۆكۈز ماقۇل بولۇپ مۆرەپتۇ. قوناق تېرش ئۈچۈن ئككسى يەر ئاغدۇرۇپ ساپان سۆرەپتۇ. مايمۇنچاق بردەم ئشلەپ «قوناق تېرپ يېمەك قيين ئكەن» دەپ قېچپ كېتپتۇ.



ماڭا - ماڭا مايمۇنچاق بىر ئېرىق بويىغا كەپتۇ-دە بېلىق تۇتۇۋاتقان ئۆردەككە:

- ئۆردەكجان، ماڭا بېلىق تۇتۇشنى ئۆگەتسەڭ بولامدۇ؟ - دەپتۇ.

ئۆردەك قوشۇلۇپتۇ. مايمۇنچاق بىردەم بېلىق قوغلاپ زېرىكىپتۇ.

مايمۇنچاق تەييار قوناق ۋە بېلىقنى بازاردا كۆپ دەپ ئاڭلاپ بازارغا بېرىپتۇ. ئۇنىڭغا ھېچكىم بىكارغا قوناق ۋە بېلىق بەرمەپتۇ.



بازاردا بېلق يېگەننىڭ ئاغزىغا قاراپتۇ. كۆكۋاش يېگەننىڭ چىشنى ساناپتۇ. بەزىدە بېلىق تۇتقاننى، بەزىدە يەر تېرىغاننى دوراپ خەقلەرنى كۈلدۈرۈپتۇ. كىشلەر ئۇنى قوناق مەردىكى، بېلىق قاسىرىقى بېرىپ كۆندۈرۈپتۇ.


ئۇزاق ئۆتمەي مايمۇنچاق قەپەزدە ئويۇن قويۇشنى باشلاپتۇ. شۇندىن كېيىن، ئۇ نەدە كىشلەر چاۋاك چالسا شۇ يەردە يۈرەرمىش.



# مەشرەپ كۆرگەن بالىمەن

مەشرەپ كۆرگەن بالىمەن،
قائىدىلىك، ئەدەپلىك.
چېچىلمايمەن غەزەپتىن،
ئۇكام قىلسا گۆدەكلىك.

مەشرەپ كۆرگەن بالىمەن،
گەپكە چاققان، يارامىلىق.
مېنى باپلاي دېگەنلەر،
قىلالمايدۇ قاراملىق.



مەشرەپ كۆرگەن بالىمەن.
چاخچاقلارنى بىلىمەن.
تېرىكمەيمەن مازاقتا،
يىغلىمايمەن كۈلىمەن.



مەشرەپ كۆرگەن بالىمەن،
دۇتتار تەمبۇر چالىمەن.
داستان ئېيتىپ، لاپ سۆزلەپ،
كۆڭۈللەرنى ئالىمەن.

مەشرەپ كۆرگەن بالىمەن،
مەشرەپچىنىڭ بېشىمەن.
جېدەل چىقسا ئاجرىتىپ،
تۈگۈچلەرنى يېشىمەن.



# ھېيت كەلگەندە

ھېيت كەلگەندە،
قوپۇپ سەھەردە.
ھېيتلىق ئالىمىز،
ناشتا يېگەندە.

ھېيت كۈنىدە،
مەزە لىگەندە.
قوللار سۇنۇلار،
بېقىڭ دېگەندە.



هېيتتا هېيتلايدۇ،
كېسەل يوقلايدۇ.
پەتنچى ئۆچۈن،
قازان قاينايدۇ.

هېيتتا كۆرۈشۈپ،
مېهمان بولۇشۇپ.
ساما سالىدۇ،
ئۇيغۇر ئۇيۇشۇپ.



# رامىزان كەلدى تۇيدۇڭلارمۇ؟

رامىزان كەلدى تۇيدۇڭلارمۇ،
ھالۋا، ئوماچ چالدىڭلارمۇ،
بالىلارغا سوۋغات راستلاپ،
تاتلىق، تۆرۈم ئالدىڭلارمۇ؟

رامىزان كەلدى تۇيدۇڭلارمۇ،
پوشكال، قۇيماق قويدۇڭلارمۇ،
داستىخاننى كەڭرى راستلاپ،
ئالما، نەشپۈت يۇيدۇڭلارمۇ؟



رامىزان كەلدى تۇيدۇڭلارمۇ،
ئاشقا خېمىر يايدىڭلارمۇ،
قېيىقچانى ياغدا داغلاپ،
لەغمەندىن قاق سالدىڭلارمۇ؟

رامىزان كەلدى ئويغاق بولۇڭ،
ئىشىك قاقتۇق تۇيغاق بولۇڭ.
تاپقىنىڭىز تەييار بولسۇن،
سېخىيلىققا ئامراق بولۇڭ.



# دادامدەك دۇئا قىلدىم

ساقچىلار ئىشىك چەكتى،
ئانامنى تۇتۇپ كەتتى،
بەش يىل بولدى بىلمىدىم،
نە سەۋەب، نىمە گەپتى.

لاگېر تەرەپ داۋانلىق،
يولى يىلان، قاۋانلىق.
دادام قويماس مېڭىشقا،
يېتەرمۇ دەپ يامانلىق.



لاگېر يىراق بىر تاغلىق،
تۆت ئەتراپى چىتلاغلىق.
بارغۇزمايدۇ يېنىغا،
ماراقچىلار ماراغلىق.

دادام ئۆيدە ئاغرىقچان،
كۆزى تاغدا دۇئاخان.
مەن سىرتتىن كىرگىچە،
چىدىمايدۇ پەرىشان.



دادامدەك دۇئا قىلدىم،
ئاللاھقا نىدا قىلدىم.
كىم ئانامدىن ئايرىدى،
مەن نەدە خاتا قىلدىم؟

دادامدەك دۇئا قىلدىم،
دۇئانى تۇمار قىلدىم.
ئېيتقىن ئەي تاغۇ تاشلار،
مەن نېمە گۇناھ قىلدىم؟



# بايرىقىم

بايرىقىم بايراق،
كۆك ئاسمان سىياق.
يۇزىدە يۇلتۇز،
كۆز قىسار ئوماق.

بايرىقىم بايراق،
ھىلال بار پارلاق.
يۇلتۇزغا قاراپ،
ياتىدۇ ئويغاق.

بايرىقىم بايراق،
ئاي، يۇلتۇز ئىناق.
قالماس ئۇرۇشۇپ،
باقمايدۇ سوغاق.

بايرىقىم بايراق،
قەلبىمدە ھەر ۋاق.
قادىسام دەيمەن،
يۇرتۇمغا تىزراق.



# سەن كىم؟

سەن كىم؟
كىملىكىڭدە ئۇيغۇر دېگەن خەت،
ئۇيغۇر كىم؟
بۇنى بىلمەي ھاياتىڭ غەلەت.



سەن ئۇيغۇرسەن كەچمىشىڭ باردۇر،
سەن ئۇيغۇرسەن هەق ساڭا ياردۇر.
پامىر، قورۇم ساڭا ئامانەت،
تەڭرىتاغدىن تانغانلار خاردۇر.

سەن ئۇيغۇرسەن تارىمغا ئۈنگەن،
سەن ئۇيغۇرسەن كارىزغا چۆمگەن.
سەن ئۇيغۇرسەن ئالتايدا باشىڭ،
سەن ئۇيغۇرسەن خوتەن قاياشىڭ.



ئەزىزانە قەشقەردە خانسەن،
غازىيانە ئاقسۇدا شانسەن،
باتۇرانە ئارتۇچ ماكانىڭ،
كورلا، كۇچا، بورتالا كانىڭ.
ئۈرۈمچىنىڭ ۋارىسى ئۆزۈڭ،
ئاتا مىراس قومۇل، تۇرپانىڭ.

تارىخىڭنى سۆزلىسە چۆچەك،
قارامايدەك قاينايدۇ ھەسرەت،
سانجى دەيسەن چانبالىقىڭنى،
بوۋاڭ مەھمۇد ئۆگەتسە مىڭ رەت.



بۈيۈك ئەجدات ۋارىسى ئۇيغۇر،
قۇدۇقتىكى يۈسۈپتۇر ھالىڭ.
ھۆرىيەتنىڭ جارچىسى ئۇيغۇر،
قۇتقا ئاتلان بىلىگ قورالىڭ.

كىملىكىڭنى يازغان ئەجدادىڭ،
ساڭا تالىق تاغلارغا تاشقا،
ياراتقانغا تىرىكتۇر تارىخ،
تىرىلمەيدۇ ئەسلا كۆز ياشقا.

سەن كىم؟
يىرتقۇچ شاھى شىرنىڭ دۈشمىنى،
ئەجدەرھاغا گۆركار باھادىر.
سەن كىم؟
باتۇر ئەۋلاد، ئۈزۈلمەس كارۋان،
سەن نوزۇگۇم، رىزۋانگۇل، سادىر.



# كېلىڭلار

ئىشتا بولساڭلار،
تاشلاپ كېلىڭلار.
چايدا بولساڭلار،
چاچراپ كېلىڭلار.

تاغدىن توشقاننى،
تۇتۇپ كېلىڭلار.
باغدىن مېۋىلەر،
ئۈزۈپ كېلىڭلار.

خامانغا چەشنى،
باغلاپ كېلىڭلار.
تۈگمەنگە سۇنى،
باشلاپ كېلىڭلار.



يالغۇز بولساڭلار،
قوش بوپ كېلىڭلار.
غەمكىن بولساڭلار،
خوش بوپ كېلىڭلار.

باغلاق كۆرسەڭلار،
يېشىپ كېلىڭلار.
كىشەن كۆرسەڭلار،
چېقىپ كېلىڭلار.

توسقان توساقنى،
چۇۋۇپ كېلىڭلار.
قۇرغان توزاقنى،
بۇزۇپ كېلىڭلار.



# سازلار سايرايدۇ

باغلاردا مەشرەپ،
نەغمە ياڭرايدۇ.
مەشرەپتىن چاخچاق،
كۈلكە تارايدۇ.

شاق شاق چىققاندا،
قوشۇقنىڭ ئۈنى.
قومۇل راۋاپى،
چۈشىنەر بۇنى.



داپ داراڭلايدۇ،
غىجەككە تەڭكەش.
سۇناي يىغلايدۇ،
يۇرەككە تەگكەچ.

شوخ جاراڭلايدۇ،
قەشقەر راۋابى.
نەيدە قوزغالسا،
دىلنىڭ ئازابى.

باغلاردا مەشرەپ،
سازلار سايرايدۇ.
سەنەمدە ئۇيغۇر،
كۆڭۈل يايرايدۇ.



# ئۇيغۇر يوق يەردە

مەشرەپ قاينىماس،
ئۇيغۇر يوق يەردە.
دۇتار سايرىماس،
ئۇيغۇر يوق يەردە.

چاقچاق ئاۋۇماس،
ئۇيغۇر يوق يەردە.
مۇقام ياڭرىماس،
ئۇيغۇر يوق يەردە.

قۇياش بولماس نان،
ئۇيغۇر يوق يەردە.
ئاي بولماس مېهمان،
ئۇيغۇر يوق يەردە.



# ئىشىم لايىنى گۆل قىلماق

دادام ئۆيده كۇلالچى،
مەن تاغلاردا ئەركەمەن.
دادام كوزاچى، لايچى،
مەن سايلاردا سەركەمەن.

مەن ئوۋچىمەن دالادا،
توشقان كۆرسەم ئەپلەيمەن.
ئوقۇم يايىم قولۇمدا،
كىيىك كۆرسەم بەتلەيمەن.

دادام توپا، سېغىزنى،
لاي قىلىدۇ، سىلايدۇ.
تۈجۈپلەپ خېمىردىن،
ئۋرىق، تەشتەك ياسايدۇ.



دادام قارشى ئوۋلاشقا،
كۇلالچى بول، كەل دەيدۇ.
جانىۋارلارغا رەھىم قىل،
قارغىش قىلار ئەل دەيدۇ.

ياساپ باقتىم بىر كۉنى،
چىرايلىق بىر تاۋاقنى.
ماختاپ كەتتى جان دادام،
ئاڭلاپسەن دەپ ساۋاقنى.

مانا ئوۋنى تاشلىدىم،
بۇزدۇم ياينى قاپقاننى.
ئىشىم لاينى گۇل قىلماق،
سۆيدۉم كۉلال دۇكاننى.



# ئۆچ هۇرۇن

بۇرۇندا ئۆچ هۇرۇن دوست ئىكەن. ئۇلار بىر-بىرىدىن ئەزمە ئىكەن. بىر كۆنى ئۇلار بىر ئىت بىلەن يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار يول بويى ئەزمىلىك بىلەن مېڭىپ، ئاخىرى هېرىپ بىر ئۆستەڭگە يېقىن يەردە توختاپتۇ. بىر بالا بازارغا قېتىق ۋە نان ساتقىلى ماڭغان ئىكەن. ئاچ هۇرۇنلار بىر نان بىلەن قېتىق ئاپتۇ. ئەمما قولى پاسكىنا بولغاچقا:

ـ سۇنى سەن ئەكەلگىن، ـ دەپ بۇيرۇپتۇ بىرى ئىككىنچىسىگە.

ـ نېمىشقا مەن ئەكىلىدىكەنمەن؟ ماۋۇ ئەكەلسۇن دەپتۇ ئىككىنچى هۇرۇن ئۆچىنچىسىگە.



ـ مەنمۇ؟ ـ دەپ ئىككىسىگە گۆلىيىپتۇ ئۈچىنچى ھۇرۇن، ـ سۇنى يالغۇز مەن ئىچەمدىم، نېمىشقا مەن ئەكىلىپ يۈرەتتىم؟! ماۋۇ ئىتنى بۇيرۇڭلار، ـ دەپتۇ.

ئۈچ ھۇرۇن تالىشىپ كۈننى كەچ قىپتۇ. ئاخىرى ئۇلار: «كىم گەپ قىلسا ياكى مىدىرلىسا سۇ ئەكەلسۇن» دەپ پۈتۈشۈپتۇ.سۇ ئەكىلىشتىن قورققان ھۇرۇنلار بۇتتەك مىت قىلماي، ئۈندىمەي ئولتۇرۇشۇپتۇ. بۇ چاغدا، ئۇلار ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن ئىت، نان بىلەن قېتىقنى يەپ بوپتۇ. ئاندىن بىرىنچى ھۇرۇننى يالاشقا باشلاپتۇ. چىدالمىغان بىرىنچى ھۇرۇن: «چاغ، چاغ!» دەپ ۋارقىرىغانىكەن، قالغان ئىككى ھۇرۇن: «ھەببەللى، سۇنى ئەمدى سەن ئەكىلىدىغان بولدۇڭ!» دەپ خۇشاللىقتىن چۇقان كۆتۈرۈپتۇ.



# پىخسىقتا دورا

قەدىم زاماندىن،
قالغان ھېكايەت.
پولۇكەن دورا،
بىمارغا قۇۋۋەت.

بۇرۇن بىر پىخسىق،
بىمار بوپ قاپتۇ.
ھەسەل، شېكەرگە،
خۇمار بوپ قاپتۇ.



يېسە تويماپتۇ،
قىيزا، پاقلاننى.
تۈتۈپ يالماپتۇ،
توخۇ، توشقاننى.

يېسە يەتمەسكەن،
ئىچسە تۇرماسكەن.
چىرايى سولغۇن،
تەرەت تۇتماسكەن.

تېۋىقا بېرىپ،
دوختۇر چاقىرىپ.
ساقىيالماپتۇ،
دورا يەپ ھېرىپ.

پېخسىق ھاياتتىن،
ئۈمىدىنى ئۈزۈپ،
مېھمان چىللاپتۇ،
ئادەتنى بۇزۇپ.

مېۋە، مەزەنى،
تىزىپتۇ چىداپ،
ئەلگە سۆزلەپتۇ،
داستىخان راسلاپ.



رازى بولۇڭلار،
دوستلار، تۇغقانلار.
دۇئا قىلىپ قويسۇن،
مېنى ئۇققانلار.

پېخسىق ئۆيىدە،
پولۇ ئوخشاپتۇ.
قوللار دۇئاغا،
يۈزلەر سىيپاپتۇ.

مېھمانلار ئۇنى،
ئاشقا زورلاپتۇ.
پېخسىق يۇتالماي،
ئاچچىق توۋلاپتۇ.



پىخسىق پولۇنى،
ئاخىر يۇتۇپتۇ.
تېۋىپ ئەتىسى،
تومۇر تۇتۇپتۇ.

كېسەل بىماردىن،
يوقاپ كەتكەنمىش.
پىخسىققا پولۇ،
شىپا ئەتكەنمىش.

بۇ ۋەقە بوپتۇ،
ئەلگە رىۋايەت.
پولۇ دورىكەن،
دەپتۇ تېبابەت.



# نورۇز ھەققىدە ھېكايە

بۇرۇنقى زاماندا دۇنيانىڭ ئۈستى ئاسمان، ئاستى سۇ ئىكەن. ئاسماندا تەڭرىلەر ياشار ئىكەن. تەڭرىلەرنىڭ ئەڭ بۈيۈكى قاراخان ئىكەن. قاراخان چېچەن، قورقماس، باتۇر ئىكەن. ئۇ خاقان ئىكەن. ئۇنىڭ كۈچى چەكسىز ئىكەن، بۇيرۇقى ھەر يەرگە يېتەر ئىكەن.

بىر كۈنى قاراخان ئاسماندا يالغۇز زېرىكىپتۇ. ئۆزىگە ئوخشاش بىرىنى ئاختۇرۇپتۇ. ئۇ ھەممە تەرەپتىن ئۆزى بىلەن ھال مۇڭ بولۇشقا لايىق بىرىنى ئىزدەپتۇ.

قاراخان مۇڭداش ئىزدەپتۇ، دوست ئاختۇرۇپتۇ. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن يۇلتۇزلارنى كېزىپتۇ، پىلانېتلارنى ئارىلاپتۇ، مارىسلارنى قېزىپتۇ، تاپالماپتۇ.

قاراخان ئىزدەپ، ئىزدەپ ھېرىپتۇ، ماجالى قالماي ئايدا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ پەسكە، ھەممە تەرەپكە قاراپتۇ. ئەمما ئۆزىگە ئوخشاش بىرەيلەننى تاپالماپتۇ.

قاراخان سۇنى، ئاينى، ئاسماننى چالا قويماي ئاختۇرۇپتۇ. ئەمما ھېچ يەردە ئۆزىگە ئوخشاش بىرىنى بايقىماپتۇ.

قاراخان ئۇيان ئويلا، بۇيان ئويلا ئاخىرى ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش بىرەيلەننى ياساپ چىقىپتۇ، ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈپتۇ. ئۇنىڭ ئىسمى كىشى بوپتۇ.

قاراخان ئاسماندا كىشى بىلەن ئۆم، ئىناق ئويناپتۇ. ئۇنىڭغا ئۇچۇشنى ئۆگىتىپتۇ. ئۇلار دائىم بىر جۈپ غازدەك بىللە كۆكتە ئۇچۇپتۇ. ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. كىشى

قاراخاندىن ئۇزاقتا، ئېگىزگە ئۇچۇشنى ئۆگىنىپتۇ.

يىراقتا، ئېگىزگە ئۇچۇشنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، كىشى بارا ـ بارا قاراخانغا بويسۇنماپتۇ. ئۇ بۇركۇتلەردەك ئېگىز، يىراق، ئۇزۇن ئۇچۇپتۇ، بۇلۇتلارغا قونۇپتۇ.

قاراخان كىشىنىڭ ئۆزىدىن يىراقلارغا، ئېگىزلەرگە ئۇچۇشىغا ھەسەت قىپتۇ. ئۇنىڭ يۇكسەكلەردە ئۇچۇشىغا چىدىماپتۇ.

قاراخان كىشىدىن رەنجىپ نەتىجە چىقماپتۇ. ئۇ كىشىگە ئاچچىقلاپتۇ، ئۇمۇ بولماپتۇ، ئاخىرى ئۇ كىشىنى چەكلەپتۇ.

قاراخان نېمە قىلسا قىلسۇن، كىشى ئۇچۇشتىن يانماپتۇ. ئۇ بەزىدە بىر ئۇچقانچە يوقاپ كېتەر ئىكەن. بەزىدە قاراخان كۆرەلمەس يەرلەرگە ئۇچۇپ كېتەر ئىكەن.

ئاخىرى ئۇ كىشىنى جازالاشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. ئۇ بىر كۈنى كىشىنى جازالاپ ئاسماندىن سۇغا تاشلاپتۇ.

كىشى «پولتۇڭ!» قىلىپ سۇغا چۈشۈپتۇ. ئۇ سۇدا چۆكۈپتۇ، لەيلەپتۇ، چۆكۈپتۇ، لەيلەپتۇ، ھەتتا بوغۇلۇپمۇ قاپتۇ، ئەمما ئۆلمەپتۇ.

قاراخان قىينالغان كىشىگە قاراپ چىدىماپتۇ، ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپتۇ، قۇتقۇزۇش ئۇچۇن قول شىلتىپتۇ، ئەمما كىشى قاراخانغا قارىماپتۇ، يالۋۇرماپتۇ.

قاراخاننىڭ كىشىگە ئىچى ئاغرىپتۇ. ئۇنىڭغا ئاسماندىن بىر يۇلتۇزنى تاشلاپ بېرىپتۇ. كىشى يۇلتۇزدا ئولتۇرۇپ سۇدا بوغۇلۇشتىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. ئەمما ئۇ يۇلتۇزنى ئاسمان ساقلاپ قالغان ئىكەن. كىشى ئۇنىڭدا داۋاملىق تۇرۇشقا ئامالسىز ئىكەن.

قاراخان ئاخىرى كىشىگە ياشايدىغان يەر ياساپ بەرمەكچى بوپتۇ. ئۇ كىشىنى تۇپراق تېپىشقا بۇيرۇپتۇ، كىشى تاپالماپتۇ. ئۇ كىشىنى سۇ ئاستىدىن تۇپراق سۈزۈپ چىقىشقا بۇيرۇپتۇ.

كىشى سۇغا چۆكۈپتۇ. ئۇ تۇپراقنى كۆرگەندە كۆڭلىگە بىر ئوي كەپتۇ. ئۇمۇ ئۆزىگە قاراخان بىلمەيدىغان بىر يەر، بىر دۇنيا ياراتماقچى بوپتۇ. شۇڭا ئۇ سۇدىن چىقماي تۇرۇپ بىر كاپام تۇپراقنى ئاغزىغا سېلىپ ئاپتۇ.

كىشى سۇ يۈزىگە چىققاندا ئۇنىڭ قوۋزى كۆپۈكلۈك ئىكەن. قاراخان بۇنى كۆرۈپ كىشىنىڭ ئويىنى بىلىپ قاپتۇ-دە، قاتتىق غەزەپكە كەپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭغا قولىدىكى تۇپراقنى چىچىشقا بۇيرۇپتۇ.

كىشى تۇپراقنى سۇغا چېچىپتۇ. تۇپراقلار سۇنىڭ ئۈستىدە زېمىن، تاغ، يايلاق، ئورمان، ئېتىزلارنى پەيدا قىپتۇ. كىشى سۇغا تۇپراقنى چاچقاندا ئاغزىدىكى تۇپراق تېخىمۇ كۆپۈپ، قوۋزى تومپىيىپ كېتىپتۇ.

بۇنى بايقاپ تۇرغان قاراخان كىشىنى تۈكۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ. كىشىنىڭ تۈكۈرگىدىن پاتقاق، زەيلىك، شورلۇق، قاقاس، چۆل يەرلەر پەيدا بولۇپتۇ. ئۇنداق يەرلەردە دەرەخ كۆكلىمەپتۇ، مېۋە ئۈنمەپتۇ، گۈللەر ئېچىلماپتۇ.

قاراخاننىڭ كىشىگە بەكمۇ ئاچچىقى كەپتۇ. ئۇ كىشىنى جازالاپتۇ. قاراخان ئۇنى ئۇچالماس قىلىپ قويۇپتۇ. شۇندىن كېيىن كىشى ھەرگىز ئۇچالماس بولۇپ قالغان ئىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ ئەۋلادى بولغان بارلىق ئىنسانلارمۇ قۇشلاردەك ئۇچالمايدىكەن.

كىشى تۇپراقنى سۇ تەكتىدىن ئېلىپ چىققان كۈن يېڭى كۈن دەپ ئاتالغان ئىكەن. تۇپراق پەيدا بولغان، يەر يارالغان بۇ كۈننى ئەسلەپ كىشىلەر بايرام قىلىدىغان بوپتۇ. بۇ بايرام كېيىن نورۇز دەپ ئاتالغان ئىكەن. نورۇز دېگەن بايرام شۇندىن قالغان ئىكەن.

# ئامان بول ۋەتەن



# گۈزەل ئارزۇ

مەمەتئېلى زۇنۇن

ئالتە كۈنلۈك ئالتۇن ئاي،
ئالتۇن تارغىقىم بولسا.
رەڭگارەڭ ھەسەن - ھۈسەن،
شايى ياغلىقىم بولسا.

تاغلار شاھى خانتەڭرى،
خۇشناۋا دۇتار بولسا.
دولقۇنلۇق ئىلى - تارىم،
دۇتارىمغا تار بولسا.

زەر ھالقامغا چولپاننى،
ياقۇت كۆز قىلىپ سالسام.
يۇلتۇزنى قىلىپ مارجان،
بوينۇمغا ئېسىپ ئالسام.



شوخ ناخشامنى، مۇقامنى،
بىر ئۆمۈر جاراڭلاتسام.
ئارزۇيۇم - مۇرادىمنى،
كەڭ جاھانغا ئاڭلاتسام.

# مومامسەن تارىم

مومامسەن تارىم،
چېكەڭدە يۇلغۇن.
ئېيتساڭ تۈگمەس،
چۆچىكىڭ نۇرغۇن.

مومام سەن تارىم،
ئەللىڭ مۇڭلۇق.
تىڭشايدۇ تاغلار،
دەريا، كۆل، قۇملۇق.

مومام سەن تارىم،
ھويلاڭ كۆڭۈللۈك.
سىرلار ئاچقۇچى،
ئۇندا كۆمۈكلۈك.



# كەلسەڭ دوستۇم ۋەتەنگە

ئەخمەتجان تۇرۇپ بەگتۇرك

قاتار ـ قاتار غازلاردەك،
كەلسەڭ دوستۇم ۋەتەنگە.
يۇرۇڭقاشقا چۇمۇلۇپ،
ئاقاتتۇق بىز خوتەنگە.

چارچىساق قۇم ساھىلدا،
قاقلىناتتۇق ئاپتاپقا.
ئېيتىپ ئاق تاش، كۆك تاشنى.
رەڭ قوشاتتۇق ئەتراپقا.

مىنىپ گاھى تۆگىگە،
قۇم شەھەرنى تاپاتتۇق.
ئۇچراپ قالسا دېۋىلەر،
ھارۋىلارغا قاتاتتۇق.



تەكلىماكان باغرىغا،
كۆكسىمىزنى ياقاتتۇق.
قۇم دېڭىزدا پىلتىڭلاپ،
بىلىنجاندەك ئاقاتتۇق.

كەتسەك ئەگەر ئېچىرقاپ،
قەشقەر بوۋام ئۆيىگە.
مېھمان بولۇپ باراتتۇق،
كۇن توقاچ يەپ، سۇت ئىچىپ،
پالۋان بولۇپ ياناتتۇق.



# ئامان بول ۋەتەن




قەشقەر سەھەردە،
توۋلايدۇ ئەزان.
يۇرتلار نامازغا،
ماڭىدۇ شۇئان.

مەسچىتتە خوتەن،
ئارتۇچ، ئۇرۇمچى.
ھەق يولدا دائىم،
بىرلىكتە كۈچى.

سەپكە تىزىلغان،
ياركەنت، قاراماي.
كۇچا ۋە كورلا،
بورتالا، ئالتاي.

ئاقسۇ سەجدىدە،
ئەسلەر غۇلجام دەپ.
چۆچەك، قومۇلۇم،
بولسۇن ساغلام، دەپ.

يۇرتلار نامازدا،
بولدۇ بىر تەن.
دەيدۇ دۇئادا،
ئامان بول ۋەتەن.



# سۇسىز توشقانلار

لوپنۇر كۆلى قۇرۇپتۇ. لوپنۇرلۇق توشقان سۇسىز قاپتۇ. توشقان بۆجەنلەرنى باشلاپ سۇ ئىزدەپ مېڭىپتۇ. قۇرۇق دەريانى بويلاپ كېتىۋاتسا بىر كۆل ئۇچراپتۇ. ئىنسانلار بۇ كۆلنى ئامبار دەيدىكەن. قۇرۇق دەريانىڭ ئىسمى تارىم بولۇپ، سۈيى مۇشۇ ئامبارغا قاماقلىق ئىكەن. ئۇلار ئامباردا سۇغا قېنىپتۇ. ئەمما ئوۋچىلار قوغلاپ تىنچ قويماپتۇ.



شۇنداق تىنچسىز يىللاردا ئانا توشقان قېچىپ يۈرۈپ ھېرىپتۇ. يېشى چوڭلار قېرىپتۇ، يۇرتنى ئەسلەپ يىغلاپتۇ. ئاخىرى ئامبارغا قاماقلىق سۇنى لوپنۇرغا باشلاپ كەتمەكچى بولۇپتۇ. بالىلار ھەر كۈنى يەر تېگىدىن كۆلگە ئېرىق كولاپتۇ. بۆجەنلەر ئىشلەپ كۈچكە تولۇپتۇ. قېرى توشقان ئىشلىگەنچە ساغلاپ بولۇپتۇ.



بىر يىلى ھەممە يەر مۇزلاپتۇ. ھەر كۈن توپا يېغىپ ئەتراپنى
كۆرگىلى بولماپتۇ. شۇنى كۈتكەن توشقانلار كۆلدىن تۆشۈك
ئېچىپتۇ. زېرىككەن سۇلار يەر ئاستى ئېرىق بىلەن قېچىپتۇ.
شۇندىن كېيىن قاچقان سۇ ۋە توشقانلاردىن خەۋەر يوق ئىكەن.
بەزىدە قۇملۇقتا يىراقتىن توشقان ۋە سۇ كۆرۈنۈپ يوقاپ
كېتىدىكەن. يولۇچىلار بۇنى ئالۋۇن دەيدىكەن، ئەمما ئالۋۇن
زادى نىمە ھېچكىم بىلمەيدىكەن.




# پىچىرلىغان سوئاللار

1. تارىم ۋادىسى، تارىم ئويمانلىقى ۋە تارىم دەرياسى دېگەن ماۋزۇدا رەسىم سىزىڭ. سىزغان رەسىمىڭىزنى چۈشەندۈرۈپ بىر پارچە تېكىست يېزىڭ.

2. نېمە ئۈچۈن ئېلى دەرياسىنى ياكى ئېرتىش دەرياسىنى «ئانا دەريا» دېمەي، تارىم دەرياسىنى «ئانا دەريا» دەيمىز؟

3. تەڭرىتاغ، خانتەڭرى دېگەن سۆزلەردىكى «تەڭرى» سۆزىنىڭ مەنىسى نېمە؟ «خان» دېگەن نېمە؟ تاغلارنىڭ خانى بولامدۇ؟

4. تونۇر ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟ «ئاتا - ئانامنىڭ بالىلىق دەۋرى ۋە تونۇر» دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە يېزىپ كېلىڭلار.



5. تۆۋەندىكى رەسىمگە قاراپ تونۇر ۋە نان بىلەن باغلانغان بەش جۈملە يېزىڭلار.




6

بىر مەسچىتنى سىزىڭ، ئىچىدە بىر سەپتە تۇرغان قەشقەر، خوتەن، ئارتۇچ، كورلا قاتارلىق شېئىردا تىلغا ئېلىنغان نامازخانلار بولسۇن.

7

بىر ئۆي سىزىڭ، ئىشىكىگە ئۇيغۇر دەپ يېزىڭ، ئىچىدىكى ھەر بىر تۈۋرۈككە «ئامان بول ۋەتەن» دېگەن شېئىردا تىلغا ئېلىنغان ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ ئىسمىنى يېزىڭ.




8

«كەلسەڭ دوستۇم ۋەتەنگە» دېگەن ماۋزۇنى «كەلسەڭ دوستۇم چەتئەلگە» دېگەن ماۋزۇغا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، قايسى سۆزنى ئۆزگەرتىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ.



٩. تۆۋەندىكى ھايۋانلارنىڭ رەسىمىنى بوياپ، ئىسمىنى يېزىڭ.







بۇرۇنقى زاماندا، ئوتتەك تۇرپاندا بىر ئائىلە ياشايدىكەن. ئاتانىڭ ئىسمى بەكتۇر، ئانانىڭ ئىسمى چوغلۇق، بالانىڭ ئىسمى دەستۇر ئىكەن. ئاتا بالا ھەر يىلى يازدا تاغقا چىقىپ ئوتۇن توشۇيدىكەن. ئۇلار ئوتۇنلارنى بازاردا ساتىدىكەن. بازاردا ئالمىغاننى ئۆگزىگە بېسىپ قىشتا ئىسسىق قالايدىكەن.

ئۇلارنىڭ ئۆيىدە قۇتقاپ دەيدىغان بىر خورجۇن بار ئىكەن. قۇتقاپ دېگەن تەلەي قاپ، بەخت قېپى، ئامەت قېپى دېگەن سۆز ئىكەن. ئۇلار تاغدىن ئوتۇن كەسلەپ قايتقاندا بەزىدە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدىكەن. ئۇنداق چاغلاردا بەكتۇر خورجۇننى ئېچىپ:

ئۇچ يۇلتۇزۇم ئۇچ،
نۇر چاچ يوللارغا،
قۇتلار تۆكۈلسۇن،
ئوڭ ۋە سوللارغا.

دەيدىكەن. خورجۇندىن توپ توپ يۇلتۇزلار ئۇچۇپ ئاسمانغا چىقىپ قارايدىكەن. يۇلتۇزنىڭ نۇرىدا ئەتراپ يورۇيدىكەن. يۇلتۇزلار قاراڭغۇدا ئۇلارغا ھەمراھ بولىدىكەن. ئۇلار ئۆيگە بارغىچە يۇلتۇزلار يول باشلايدىكەن.

بىر يىلى تۇرپاندا قىش بەكمۇ ئۇزۇراپ كېتىپتۇ. ئۆي مۇزدەك سوۋۇپ چوغلۇق ئوچاقتا ھەر كۈنى ئوت قالاپتۇ. ئۇلار ئۆگزىگە باسقان ئوتۇنلارنى قالاپ بوپتۇ. بازاردىمۇ ئوتۇن ئۆكسۈپ قاپتۇ. ھەممەيلەن چىقىپ ئوتۇن



كەسكەچ تۇرپانغا يېقىن ئەتراپتا دەرەخ قالماپتۇ.

بىر كۈنى ئاتا بالا سوغۇققا چىدىماي توقسۇنغا ئوتۇن كەسكىلى مېڭىپتۇ. ئۇلار دۆڭلەردىن ئېشىپتۇ، ئۆستەڭلەردىن كېچىپتۇ. ئاخىرى كۈن تىكلەشكەندە توقسۇندىكى بىر تاغنىڭ باغرىغا كەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۇلغۇن، بۇلغۇن، ئىرەن، جىغانلار بولۇق ئۆسكەن بىر چاتقاللىق ئۇچراپتۇ. بەكتۇر بىر توپ يۇلغۇننىڭ يېنىدا توختاپ:

- بالام، مەن ئوتۇن كېسىپ كېلەي، ئەگەر كەچ كىرگىچە كېلەلمەي قالسام قورقما، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتسە قۇتقاپنىڭ ئاغزىنى ئاچساڭ يۇلتۇزلار يولۇڭنى يورۇتىدۇ. ئۇلار ئالدىڭغا چۈشۈپ سەن بىلەن ئوينايدۇ. ئەمما قۇتقاپنى ئاچقاندا «ئۈچ يۇلتۇزۇم ئۈچ» دېيىشنى ئۇنتۇپ قالما، قوشاقنى تولۇق ئېيتقىن، چالا بولۇپ قالمىسۇن، دەپتۇ.

دەستۇر كۆڭلىدە «ئاتام بوش چاغلاپ قاپتۇ! ھەر كۈنى دەيدىغان گەپنى بىلمەي قالامتىم!» دەپ غۇدۇرۇراپتۇ. شۇڭا ئۇ گەپنى تولۇق ئاڭلىمايلا «بىلىمەن، چاتاق يوق، سەن مەندىن ئەنسىرەپ كەتمەي يولۇڭغا ماڭ!» دەپتۇ.

دەستۇر بىردەم يۇلغۇننىڭ شۇڭگىنى ئات ئېتىپ يۈگرەپتۇ. ئۇنىڭدىن زېرىكىپ قۇمدا موللاق ئېتىپ يۇمۇلاپتۇ، ئاندىن پاتمىچۇقلار بىلەن موكىمۆكىلەڭ ئويناپتۇ. ئاڭغىچە كەچ كىرەيمۇ دەپ قاپتۇ. دەستۇرنىڭ ئويۇنى تۈگىمەپتۇ.



دەستۇر ئويۇن بىلەن كەچ كىرگەننى تۇيماپتۇ. ئۇ قۇتقاپنى ئېچىپ «ئۈچ يۇلتۇزۇم ئۈچ» دېيىشنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قاپتۇ. ھەممە يەرنى قاراڭغۇ بېسىپتۇ.

پاتمىچۇقلارمۇ كۆزگە كۆرۈنمەي قالغاندا دەستۇرنىڭ ئېسىگە قۇتقاپ كەپتۇ.

دەستۇر قۇتقاپنى ئېچىپتۇ، ئەمما نېمە دېيىشنى بىلمەپتۇ. ئۇيان ئويلاپتۇ، بۇيان ئويلاپتۇ، لېكىن ئېسىگە «ئۇچ» دېگەن سۆزدىن باشقا سۆز كەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خورجۇنغا قاراپ «ئۇچ خورجۇنۇم ئۇچ» دېگەن ئىكەن، خورجۇن كۆپۈپ كۆپتەك چوڭلاپتۇ.

خورجۇن يوغىنا يوغىنا تىكىشىدىن سۆكۈلۈپتۇ. ئاۋۋال خورجۇندىكى يوچۇقلاردىن يۇلتۇزلار چىقىپ غۇيۇلداپ ئۇچقانچە چەكسىز ئاسماندا غايىپ بوپتۇ. ئاندىن خورجۇن «جارت-جۇرت، پارت-پۇرت» قىلىپ يېرىلىپ ئىچىدىن غۇيۇلداپ، غارىلداپ، گۈركىرەپ بوران چىقىشقا باشلاپتۇ.

دەستۇر قاراڭغۇدا يولنى كۆرەلمەپتۇ، تەرەپلەرنى ئىلغا قىلالماي قاياققا مېڭىشنى بىلمەي قاپتۇ. ئۇ بوران قايانغا ئۇچۇرسا شۇ يانغا سۈرۈلۈپتۇ. ئۇ قاراڭغۇ يوللاردا تېمىسقىلاپ، دەلدەڭشىپ نىشانسىز يۈرۈپ كېتىپتۇ.

دەستۇر غۇيۇلداپ چىققان بوران، كۆز ئاچقۇزماي ئۇچۇپ يۈرگەن قۇمدا بىر هازا يۈرۈپتۇ. تۇيۇقسىز ئۇ يەرنىڭ تېگىدىن چىققاندەك بىر تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپتۇ. ئۇ «تاك، تاك، تاك» قىلغان ئوتۇن كېسىۋاتقان پالتا ئاۋازى ئىكەن.



دەستۇر شۇئان خوشلۇقتىن ئىچىگە سىغماي قاپتۇ، هاياجاندىن سەكرىگۈسى كەپتۇ، ئەمما بوراننىڭ ئۇچۇرۇپ كېتىشىدىن قورقۇپتۇ. ئۇ «ئاتا، ئاتا،

ئاتا» دەپ ۋاقىراپتۇ. بەكتۇر بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ دەستۇرنى قۇتقۇزۇپ قاپتۇ.

شۇندىن كېيىن توقسۇندا بوران كۆپ چىقىدىغان بولۇپ قاپتۇ. كىشىلەر بۇنىڭ سەۋەبىنى دەستۇرنىڭ «ئۇچ يۇلتۇزۇم ئۇچ» دېيىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىدىن كۆرىدىكەن. شۇندىن كېيىن توقسۇن «قۇتقاپنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ كەتكەن يەر» دەپ ئاتالغان ئىكەن.

شۇندىن بۇيان قۇتقاپنىڭ ئاغزى ئوچۇق ئىمىش. بوران توقسۇندىكى قۇتقاپتىن تۇرپانغا، ئۈرۈمچىگە، كورلاغا ۋە قومۇلغا ئۇچارمىش. ھازىر توقسۇندىن ئۈرۈمچىگە قاراپ ئۇچقان بوراندا چاقپەلەك چۆرگىلەر ئىكەن. ھارماي چىققان بوران چاقپەلەكلەرنى تىنىمسىز ئايلاندۇرۇپ توك پەيدا قىلار ئىكەن. توكلار ئۈرۈمچىدىكى قاراڭغۇ ئاسماننى يۇلتۇزدەك يورۇتۇپ تۇرار ئىكەن.



# دادامغا خەت

دادا، ئۆتكەن ھەپتە خانىم سېنى جىنايەتچى، دېگەنىدى. بۈگۈن مەكتەپتە، مەھەللىدە ھەممەيلەن شۇنداق دەيدۇ. ھاممام تۇرۇپ چوڭ يىغىنىدا سېنى «جىنايەتچى»، دەپ سۆزلىدى نېمىشقا ئۇنداق دەيدۇ؟ ـ دادام ئۇنداق ئەمەس! ـ دەپ يىغلاپ كەتتىم. دادا، جىنايەت، دېگەن نېمە؟

مومام ساڭا ئەتىيازدا ئۈژمە، يازدا ئۆرۈك، كۈزدە ئۈزۈم ساقلاپ بېرەلمەي ئۆلۈپ كەتتى. بوۋام سەن يازغان كىتابنى ئەكەلگىلى ئۈرۈمچىگە كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. ھاممام سېنى بۇرۇن يازغۇچى، دېگەن ئىدى. بۈگۈن يىغىندا «بۆلگۈنچى» دەيدۇ. دادا، بۆلگۈنچى، دېگەن نېمە؟



دادا، ئانام سېنى كىتاب يازغىلى كەتتى دەيدۇ. يىراقتا كىتاب يازماي، يېنىمدا مېنى ئويناتساڭ بولمامدۇ؟ سەن يازمىساڭمۇ كىتابلار كىتابخانىدا كۆپقۇ! دادا، بالىلار بۆلگۈنچى دادىسى باركەن، دەپ مەن بىلەن ئوينىماي قالارمۇ؟

ھاممام ھېلىقى كۈنى يىغىندا سېنى جىنايەتچى، دەپ بولۇپ ئۆيدە دۈم يېتىپ ئۇزاق يىغلىدى، مېنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ كەچۈرۈم سورىدى. ماڭا بازاردىن شاكىلات سۈت كەمپۈت، سېغىز ئېلىپ بەردى بۇلارنى ئاداشلىرىمغا بەرسەم ئۇلارمۇ كەچۈرۈم سوراپ مەن بىلەن يەنە ئوينارمۇ؟

دادا سەن، يالغان سۆزلىگەن كىشى كۆزۈڭگە قارىيالمايدۇ، دېگەن ئىدىڭ. سېنى بۆلگۈنچى، دېگەن خانىم، مۇدىر، ھاممام، ھەممىسى كۆزۈمگە قارىيالمىدى. سېنى كىتاپ يازغىلى كەتتى، دېگەندە ئاناممۇ شۇنداق قىلغان. مەن بىلىپ قالدىم دادا، ھەممىسى يالغانچى. چوڭلار يالغان ئېيتىدۇ. ئەمما،.. دادا، سەن زادى بۆلگۈنچىمۇ، يازغۇچىمۇ؟ سەن زادى نەدە؟



# يەتسۇن دۇئايىم

يىغلىسام ئاھىم،
كۈلسەم سادايىم،
بارالماس ساڭا،
بارسۇن دۇئايىم.



سەنسىز ياشىدىم،
مەغرۇر مۇلايىم،
بويۇن ئەگمىدىم،
تىك تۇردۇم دائىم.

ئامان بول، ئامان،
قىلسۇن خۇدايىم،
يەتمىدىم ساڭا،
يەتسۇن دۇئايىم.



# يۋرەك قانغچە

ٴبىتلدىم ٴوقتەك،
سەندىن يىراقتا،
قۇشلارمۇ قونماس،
يىراق قىرغاقتا.


يۋرەكىم قالدى،
سەندە ۋەتەندە.
نە جان نە ھوزۇر،
تىپپلماس تەندە.


تاغدىن شاماللدىن،
ٴىسمىڭ سورايمەن،
باغدىن گۇللەردىن،
ھىدىڭ پۇرايمەن.

قورقما كىتدۇ،
تاڭ ٴاتماس كىچە.
ناخشا ٴىيتىمىز،
يۋرەك قانغچە.

# ۋىچىرلىغان سوئاللار


1. تۆۋەندىكى ھايۋانلارنىڭ ئىسمىنى يېزىپ، چالا قالغان ئەزالىرىنى سىزىڭلار ۋە كىتابتا بولارغا ئائىت قانداق مەزمۇنلارنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.
















2. تۆۋەندىكى كۆكتاتلارنى بوياپ، ئىسمىنى يېزىڭلار ھەمدە قايسى ھەرپلەرگە ئوخشايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.



3. تۆۋەندىكى رەسىمگە قاراپ بىر ھېكايە توقۇڭلار ۋە رەسىمنىڭ كەم قالغان قىسىملىرىنى سىزىپ بېقىڭلار.





4. نەسىردىن ئەپەندى كىم؟ تۆۋەندىكى رەسىملەرگە قاراپ، ئۇنىڭ لەتىپىلىرىدىن بىرنى ئېيتىپ بېرىڭلار؟

